# زۇلھەججىنىڭ ئاۋۋالقى سەككىز كۈندە ھاجىلار ۋە ھەججگە كىلەلمىگەنلەرنىڭ روزا تۇتۇشى ياخشىدۇر

## استحباب صيام الثمانية من ذي الحجة للحاج وغيره

< ئۇيغۇرچە – الأويغورية - Uyghur >


ئىسلام سوئال جاۋاب تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمي بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

# زۆلهەججىنىڭ ئاۋۋالقى سەككىز كۈنىدە ھاجىلار ۋە ھەجگە كىلەلمىگەنلەرنىڭ روزا تۇتۇشى ياخشىدۇر

84271 - نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئەرەپات كۈنىدە ھاجىلارنىڭ روزا تۇتۇشىنىڭ ياخشى كۆرۈلمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن ئەمما زۆلهەججىنىڭ ئاۋۋالقى سەككىز كۈنىدە (يەنى ھەج قىلغۇچى كىشى مىناغا ماڭىدىغان كۈنگە قەدەر) ھاجىلارنىڭ روزا تۇتىشىنىڭ ھۆكمى نىمە؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالالاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئالالاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

زۆلهەججىنىڭ ئاۋۋالقى سەككىز كۈنىدە ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەن ۋە ھەجگە كىلەلمىگەنلەرنىڭ روزا تۇتۇشى ياخشىدۇر (يەنى مۇستەھەپتۇر). بۇ توغرىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئالالاھ تائالانىڭ ھوزۇرىدا زۆلهەججىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدە قىلىنغان ئەمەللەردىنمۇ ياخشى ۋە ساۋابى كاتتا ئەمەللەر يوق دېگەندە، ساھابىلار: ئۇ كۈنلەردىكى ئەمەللەر ئالالاھ تائالانىڭ يولىدا جىهاد قىلىشتىنمۇ ئەۋزەلمۇ؟ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئالالاھ تائالانىڭ يولىدا جىهاد قىلىشتىنمۇ ئەۋزەل پەقەت بىر كىشى ئۆزىنىڭ ملى ۋە جېنى بىلەن ئالالاھ يولىدا چىقىپ، بۇ يولدىن قايتمىغان بولسا (يەنى شېهىت بولۇپ كەتكەن بولسا) بۇنىڭ ئەجرى كاتتا بولىدۇ، دېدى.» [بۇخارى رىۋايىتى969-ھەدىس. ترمىزى رىۋايىتى757-ھەدىس].

پىقهى ئېنسىكلوپېدىيىسى 28-توم 91-بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: "كۆپچىلىك پىقهى ئالىملار ئەرەپات كۈنىدىن ئىلگىرىكى زۆلهەججىنىڭ ئاۋۋالقى سەككىز كۈنىدە روزا تۇتۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. ئىمام مالىك ۋە ئىمام شافىئى رەھىمەھۇللاھلار بۇ كۈنلەردە ھاجىلارنىڭمۇ روزا تۇتۇشىنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىنغان".

"نىهايەتۇل مۇھتاج" ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مەزكۇر ئەسەرنىڭ 3 -تومى 207-بېتىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: "ئەرەپات كۈنىدىن ئىلگىرىكى زۆلهەججىنىڭ ئاۋۋالقى سەككىز كۈنىدە روزا تۇتۇش ھاجىلار ياكى ئۇلاردىن باشقا كىشىلەر ئۈچۈن سۈننەت ھېسابلىنىدۇ، "ئەررەۋزە" ناملىق ئەسەردىمۇ بۇ ئوچۇق بايان قىلىنغان، ئەمما ھاجىلار ئۈچۈن ئەرەپات كۈنىدە روزا تۇتۇش سۈننەت ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۈچۈن روزا تۇتماسلىقى ئەۋزەلدۇر. ئۇلار گەرچە روزا تۇتۇشقا قادىر بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىپ، دۇئادا چارچاپ قالماسلىقى ئۈچۈن روزا تۇتماسلىقى تەكىتلىنىدۇ".

ئالالاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com